# كەپپىگە ئۈچ قېتىم زىيارەت



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# كەپىسگە ئۈچ قېتىم زىيارەت

بۇ قىسسىسىدىن رىۋايەت ئاڭلاڭ. لىيۇبى سوغا ـ سالام تەييارلاپ جۇگېلياڭ بىلەن كورۇشۇش ئۈچۈن لۇڭجۇڭغا جاپدۇپ تۇراتتى، بىرسى كىرىپ:

ـــ ئىشىك ئالدىدا كۇلا كىيگەن، كەڭ بەلۋاق باغلىغان ۋەلى سۈپەت بىر كىشى ئۆزلىرىنى يوخلاپ كەپتۇ، ـــ دەپ تۇيۇقسىز خەۋەر قىلىپ قالدى.

لىيۇبى «جۇگېلياڭ كېلىپ قالغان بولمىغىدى؟» دەپ، كىيملىرىنى رۇسلاپ ئالدىغا چىقىپ قارىسا، سىماخۇي ئىكەن.

لىيۇبى ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ئۇنى مېھمان خانىغا باشلاپ كىرىپ، توردىن ئورۇن بەردى:

ـــ كېمىنىلىرى ئۆزلىرىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ھەربىي خىزمەت بىلەن ئالدىراپ قېلىپ، زىيارەتلىرىگە بارالمىدىم، بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرىغا ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم.

ـــ شۇي يۈەنجىنى مەشەدە دەپ ئاڭلاپ، كورۇشكىلى كېلىۋىدىم، ـــ دېدى سىماخۇي.

— يېقىندا ساۋساۋ ئۇنىڭ ئانىسىنى قاماپ قويغان ئىكەن. ئانىسى بىراۋدىن ئالدىراش خەت ئېۋەتىپ، ئۇنى شۇيېچاڭغا چاقىرتىپ ئېلىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا، ساۋساۋنىڭ دائىما چۇشۇپتۇ. مەن ئەزەلدىنلا شۇيۈەنجۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى پەزىلەتلىك ئايال دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، ھازىر ساۋساۋ ئۇنى قاماپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز بالىسىنى چاقىرتمايدۇ. ئۇ خەت چوقۇم ساختا، شۇيۈەنجۇ بارمىسا، ئۇنىڭ ئانىسى ھايات قالاتتى؛ ئەمدى ئۇ كەتكەن بولسا، ئانىسى ھايات قالمايدۇ.

ليۇبېي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، سەۋەبىنى سورىدى.

سىماخۇي:

— شۇيۈەنجۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى جەسۇرلىك ئايال. ئۇ بالىسى بىلەن كۆرۈشكەندە نامۇس قىلىدۇ — دېدى.

— شۇيۈەنجۇ مېڭىش ئالدىدا نەنياڭلىق جۇگېلياڭنى غايىبانە تونۇشتۇردى. جۇگېلياڭ زادى قانداغراق ئادەم؟ — دەپ سورىدى ليۇبېي:

— شۇيۈەنجۇ كېتىشنى ئىختىيار قىلغان بولسا، ئۆز يولىغا كېتىۋەمەي، يەنە نىمشكە ئۇ ئادەمنى چىشلەپ تارتىپ زۇرلىگەندۇ؟ — دېدى سىماخۇي كۈلۈپ.

ـــ تەخسىر، نىمە ئۇچۇن مۇنداق دەيدىلا؟

ـــ جۇگېلياڭ بۇلىڭلىق سۇيجۇپىڭ، يىڭچۇەنلىك شى گۇاڭيۇەن، رۇنەنلىك مىڭگۇڭۋي ۋە شۇي يۇەنجۇلەر بىلەن يېقىن دوست. بۇ تورت كىشى ئۇزلىرى شۇغۇللانغان پەنلەرگە ناھايىتى پۇختا ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يالغۇز جۇگېلياڭلا كارامەت قابىلىيەتلىك ئادەم، ئۇ ھېمىشە ئىزىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، تورتۇيلەنگە «ھەر قايىسىڭلارنى مۇپەتتىشلىك، ۋالىيلىق خىزمەتلىرىگە قويسا بولىدۇ» دەيتتى. ئۇلار جۇگېلياڭنىڭ ئوز مۇددىئاسىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى سورىسا، جۇگېلياڭ كۇلۇپ قوياتتى، لېكىن جاۋاپ بەرمەيتتى. بۇ ھېمىشە ئوزىنى گۇەنجۇڭ، لويىلار[1] بىلەن سېلىشتۇراتتى. ئۇنىڭ قابىلىيىتى ھەقىقەتەن چەكسىز.

ـــ يىڭچۇەندە نىمىشكە شۇنداق قابىل ئادەملەر تولا؟ ـــ دېدى ليۇبى. ئوتمۇشتە يىڭگۇي ناملىق بىر مۇنەججىم بولغان

① گۇەنجۇڭ ـــ جۇنچيۇ دەۋرىدە چى بەگلىگىنىڭ مەشھۇر سىياسەتچىسى، ئۇ، چى بەگلىگىنىڭ بېگى چى خۇەنگۇڭغا ياردەملىشىپ، ھەر خىل كىچىك فېودال بەگلىكلەرنى توققۇز قېتىم بىرلەشتۇرۇپ، ئوزدەۋرىدە كۇچلۇك دولەت قۇرغان. لويى ـــ جەنگو دەۋرىدە يەن بەگلىگىنىڭ باش قوماندانى، ئۇجۇجاۋ خەن، ۋى، يەن بەگلىرىنىڭ بىرلەشكەن ھەربىي كۇچلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، چى بەگلىگىگە ھۇجۇم قىلغان ۋە چى ئارمىيىسىنى تارمار كەلتۇرگەن.

ئىكەن. ئۇ «يۇلدۇزلار يىگچۇەن ئۇستىگە توپلۇشۇپ قاپتۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يەردە قابىل ئادەملەر كوپ بولسا كېرەك» دېگەن ئىكەن، — دېدى سىماخۇي.

بىر چەتتە تۇرغان گوەن يۇي ① سوزگە ئارىلاشتى:

— بىلشىمچە، گوەنچۇڭ، لويىلار چۇنچيۇ - جەنگو دەۋرىدە ئوتكەن ئاتاغلىق كىشىلەر، ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى جاھانغا مەشھۇر، جۇگېلياڭ ئوزىنى شۇلارغا تەڭلەشتۇرگەن بولسا، ئوزىنى تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمىسۇن؟

سىماخۇي كۇلدى:

— مېنىڭچە، ئۇلارغا تەڭلەشتۇرسە مۇۋاپىق بولمايدۇ، باشقا ئىككى كىشىگە تەڭلەشتۇرۇش مۇمكىن.

— قايسى ئىككى كىشى؟ — دەپ سورىدى گوەنيۇي.

— ئۇنىڭ بىرسى 800 ژىل دەۋر سۇرگەن جۇخاندانلىقىنى تىكلىگەن جياڭزىيا؛ يەنە بىرسى 400 ژىل دەۋر سۇرگەن خەن خاندانلىقىنى گۇللەندۇرگەن جاڭزىفاڭ.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن ھەيران قالدى.

سىماخۇي پەلەمپەيدىن چۇشۇپ قايتماقچى بولدى، ليۇبى شۇنچە تۇتسىمۇ ئۇنىمىدى.

① گوەنيۇي — بىز ئۇيغۇلار ئارىسىدا گاڭگوڭ دېگەن نام بىلەن تونۇلغان قەھرىمان.

سىماخۇي ئىشكتىن چىقىپ، ئاسمانغا قاراپ، قاقاخلاپ كۈلۈپ:

— جۇگبىلياڭ ئۆز ئىگىسىنى تاپتى، لېكىن ۋاخىت ساھىتىنى تاپالمىدى؛ شۇنىڭغا ئېچىنىمەن! — دەپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى.

لىيۇبىمۇ قايىل بولۇپ:

— ھەقىقەتەن غايىپ ئەۋلىيا ئىكەن! — دېدى.

لىيۇبى ئەرتىسى گۈەن يۈي، جاڭفى ۋە باشقىلار بىلەن لۇڭجۇڭغا قاراپ ماڭدى. تاغ باغرىدىكى ئېتىزدا كەتمەن تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان كىشىلەر ژىراقتىن كورۇنۇپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئېيتقان غەزەللىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

گويا گۈمبەز ئۈستۈمدە ئاسمان،
زېمىن شاخمات تاختىسى سىمان.
كىشىلەر ئايرىپ ئىرقۇ ـ نىسەت،
تۈگىمەس غاۋغا، تالىشىپ شەۋكەت.
سەلتەنەت ئەھلى سۈرسە راھەت،
خارلار ئۈستىدە ئۈينار زۇلمەت.
نەنيالڭ دەرۋىشى بولۇپ بىغەم،
كېچە يۇ ـ كۈندۈز ئۇيقۇغا يەم.

لىيۇبى غەزەلنى ئاڭلاپ، دەرھال ئاتنى توختىتىپ، دېھقانلاردىن بىرسىنى چىقىرىۋالدى:



www.uyghurkitap.com

ــــبۇ غەزەلنى كىم ئېيتقان؟

ــــجۇگېلياڭ ھەزرەت ئېيتقان.

ــــجۇگېلياڭ ھەزرەت نەدە تۇرۇدۇ؟

ــــمۇشۇ تاغنىڭ جەنۇبىدا بىر دوگلەك بار. بۇ دوگلەك ۋولۇگگاڭ دەپ ئاتىلىدۇ. دوگنىڭ ئالدىدىكى شالاڭ ئورمانلىق ئىچىدىكى كەپىنىڭ ئوزى شۇ.

لىيۇبى دېخانغا رەخمەت ئېيتىپ، ئېتىنى قامچىلاپ، ئالغا ماڭدى. بىر نەچچە چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر دوگلۈك كورۇندى. بۇ يەر ھەقىقەتەن گوزەل مەنزىرىلىك جاي ئىدى.

لىيۇبى قومۇشتىن ياسالغان كەپىنىڭ ھويلىسى ئالدىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ، دەرۋازىنى قاقتى. شۇئاندا بىر كىچىك بالا چىقتى. لىيۇبى

ــــمەن خەن پادىشالىغىنىڭ سول قوماندانى، يى چىڭنىڭ تىڭخوسى① يۇيچۇنىڭ باشلىغى خانزادە لىيۇبى بولىمەن جۇگېلياڭ ھەزرەت بىلەن كورۇشكىلى كەلدىم. ــــدېدى.

ــــبۇنچىۋالا ئىسىملارنى تۇتۇۋالالمايدىكەنمەن، ــــدېدى ھېلىقى كىچىك بالا.

ــــلىيۇبى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ دېسەڭلا بولىدۇ.

① تىڭخو ــــ فېئودال بەگلىك ئۇنۋانلىرىنىڭ بىرسى.

—ھەزرىتىم بۈگۈن ئەتىگەن تاشقىرىدا چىقىپ كەتكەن.

—نەگە كەتكەندۇ؟

—تۇرۇدىغان يېرىنىڭ تايىنى يوق. نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

—قاچانراق قايتىپ كېلەر؟

—قاچان قايتىپ كېلىشى مەلۇم ئەمەس. گايىدا 4 ـ 5 كۈندە، گايىدا ئون نەچچە كۈندە قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ليۇبى خېلىلا مەيۇسلەندى.

جاڭفېي:

—ئۇچرۇشالمىغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتەيلى، —دېدى.

—بىر ئاز كۈتەيلى، —دېدى ليۇبى.

گۇەن گۇيمۇ:

—ھازىرچە قايتايلى، كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ، خەۋەر ئېلىپ باقارمىز، —دېدى.

ليۇبى بۇ سۆزگە ماقۇل كەلدى ۋە ھېلىقى كىچىك بالىغا:

—ھەزرىتىم قايتىپ كەلگەندە، ليۇبى زىيارەت قىلىپ كەپتىكەن دېگىن. —دەپ تاپىلىدى.

بۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ، بىر نەچچە چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن، ئاتلىرىنى توختۇتۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، لۇڭجۇڭنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشتى. دەرۋەقە، بۇ يەردىكى تاغلار

ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ چىرايلىق ئىدى؛ سۇيى چوڭقۇر بول-
مىسىمۇ سۈزۈك ئىدى؛ ساينىڭ زېمىنى كەڭ بولمىسىمۇ تۈز-
تەكشى ئىدى؛ ئورمان دەرەخلىرى چوڭ بولمىسىمۇ باراقسان-
لاپ كەتكەن ئىدى؛ ئۇ يەردە يايراپ ژۇرگەن جان - جانۋار-
لارغا، گىرەلىشىپ كەتكەن دەل - دەرەخلەرگە قاراپ كوز
تويمايتتى.

دەل شۇ چاغدا، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ئۇلۇق
سۇپەت، دەرۋىشلەرچە رومال ئورىۋالغان، ئۈستىگە قارا
يەكتەك كىيگەن، قولىغا ئىرغاي ياغىچىدىن ھاسسا تاياق
تۇتقان بىر كىشى كورۇندى. ئۇ بىر چىغىر يول بىلەن يېتىپ
كەلدى. ليۇبى «جۇگېلياڭ ھەزرەت مۇشۇ كىشى بولسا كېر-
رەك» دەپ، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئالدىغا بېرىپ سالام
بەردى ۋە:

—جۇگېلياڭ ھەزرەت ئۆزلىرىمىكى؟—دەپ سورىدى.

ئۇ كىشى:

—قۇماندان جاناپلىرى، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ — دەپ
سورىدى.

—مەن ليۇبى بولىمەن.

—مەن جۇگېلياڭ ئەمەس. ئۇنىڭ بۇرادىرى، بولىڭلىق
سۇي جۇپىڭ دېگەن كىشىمەن.

—ئۇلۇق نامىلىرىنى خېلى بۇرۇن ئاڭلىغان ئىدىم. بۇگۇن بەختىمگە يارىشا، دىدارلىشىپ قالدۇق. قېنى، ئىلتىپات قىلى-سىلا، داق يەر بولسىمۇ ئولتۇرايلى. ئۆزلىرىدىن بىرگە كەلىمە سوز سورۇۋالاي.

ئىككىيلەن دەرەخلىق ئوتتۇرىسىدىكى تاشتا بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇردى. گوەن يۈي بىلەن جاڭفى يانىدا ئورە تۇردى.

—قۇماندان جاناپلىرى، جۇگېلياڭنى ئىستەپ قاپلىغۇ؟—دەپ سورىدى سۈي جۇپىڭ.

هازىر جاهان مالىمانلىشىپ كەتتى، تەرەپ-تەرەپتە يې-غىلىق بولۇۋاتىدۇ. جۇگېلياڭ بىلەن كورۇشۇپ، ئەلنى تىنجاقى-تىش يوللىرىنى سورىماقچىمەن.

—جاناپلىرىنىڭ يىغىلىقنى بېسىقتۇرۇمەن دېگەن نىيەتلى-رى خالىس نىيەت ئىكەن. ئەمما قەدىمدىن تارتىپ، جاهاننىڭ ئۆزۈن زامانلارغىچە تېنچ تۇرغىنى يوق. خەن خاندانلىغىنىڭ پادىشاسى لىيۇباڭ زىلاننى ئولتۇرۇپ،① زالىم چىڭ خاندانى-

① خەن خاندانلىغىنىڭ پادىشاسىنى لىيۇباڭ قوزغولاڭ كوتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئون نەچچە باتۇر بىلەن بىر كۈنى تۇندە فۇڭشىزەي دېگەن يەرگە كەلگەندە يولنى توساپ ياتقان بىر زىلانغا ئۇچراپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىغان ئىكەنمىش، كېيىن باشقا بىر كىشى شۇ يەرگە كەلگەندە، زىغلاپ ئولتۇرغان بىر موماينى ئۇچرۇتۇپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن زىغىنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، ئۇ: «ئوغلۇم ئاق پادىشا ئىدى، ئۇ زىلان

لمغىنى يوقاتقاندىن تارتىپ، يىغىلىق بىسقىپ قالغان ئىدى ۋە ئەي
پىنىڭ زامانىسىغىچە جاھان 200 ژىل تىنچ تۇرغان ئىدى. لېكىن
ۋاڭماڭ② خائىنلىق قىلغاندىن تارتىپ ، يەنە يىغىلىق باشلان-
دى. كېيىن گۇاڭئۇ پادىشاسى باش كوتۇرۇپ، ئۇز ھاكىمى-
يىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن، جاھان يەنە تىنچلاندى. بۇنىڭغا
200 ژىل بولدى، خەلق شۇندىن بۇيان تىنچ؛ شۇڭا ھازىر
يەنە تەرەپ-تەرەپتە يىغىلىق بولۇۋاتىدۇ. تىنچلىق، پاراكەن-
دىچىلىك كۇپۇيۇۋاتقان ھازىرقى پەيتتە، ئۇنى بىسقتۇرۇشقا
ئاالدىراش مۇمكىن ئەمەس. جانابىلىرىنىڭ جۇگېلياڭ ۋاستىسى
بىلەن ئالەمنى ئوڭلايمەن دەپ قىلغان ئەجىرلىرى زايە
كېتىپ قالارمىكى. «تەغدىرگە تەن بەرسەڭ راھەت كورۇسەن،
تەن بەرمىسەڭ مۇشكۇلچىلىكتە قالىسەن»؛ «پىشانەڭگە
پۇتۇلگەننى كور، تەقدىرگە تەن بەر» دېگەن سوزلەرنى
ئاڭلىمىغانمىدىلا؟

---

ولۇپ يولنى توساپ ياتسا، قىزىل پادىشا ئولتۇرۇۋەتتى» دەپتۇ: كىشى-
لەر بۇ موماينى ئەپسانە سوزلەۋاتىدۇ دەپ، ئۇراي دېسە، ئۇ بىر دەم-
دىلا غايىپ بولۇپ كېتىپتىمىش.

② ۋاڭماڭ— غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى ژىللىرىدا ئوت-
كەن ۋەزىر. ئۇ پادىشانىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىپ، ئوزىنى پادىشا دەپ
ئېلان قىلغان، دولىتىگە شىن دولىتى دەپ نام قويغان.

—جاناپلىرى ھەقىقەتەن كارامەت سوز قىلدىلا، لېكىن كېمىنىلىرى خەن پادىشاسىنىڭ ئەۋلادى؛ خەن خانىدانلىقى-نىڭ قۇدرىتىنى تىكلىشىم لازىم. بۇ ئىشنى پىشانە بىلەن تەق-دىرگە ئىتتىرىپ قويغىلى بولماس.

—مەندەك دەرۋىشلەر جاھان ئىشى توغرىسىدا گەپ-سۆز قىلىشقا يارىمايمىز. ئۆزلىرىنىڭ سوراپ قالغانلىقلىرى ئۈچۈن، بىھۇدە بولسىمۇ سۆزلەپ قالدىم.

—سۆزلەپ بەرگەنلىكلىرىگە رەھمەت. جۇگېلياڭنىڭ قاياقتا كەتكەنلىكىنى بىلەلەملىكى؟

—مەنمۇ كورۇشمەكچى ئىدىم، قاياقتا كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرۇمەن.

—جاناپلىرى بىزنىڭ ناھىيىگە بىللە بارسىلا قانداق؟

—رەھمەت. كېمىنىلىرى بىكار ژۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغان. شان-شەۋكەت بىلەن خوشۇم يوق. باشقا بىر كۈن كورۇ-شەرمىز، خەير. — دەپ، سۈيجۇپىڭ چوكقۇر تازىم قىلىپ، ئۆز يولىغا كەتتى.

ليۇبېي، گۇەن يۈي، جاڭفېيلار ئاتقا مىنىپ مېڭىشتى.

—جۇگېلياڭنى تاپالماي، بۇ ئەخمەق سوپىغا يولۇقۇپ، بىر مۇنچە قۇرۇق پاراڭ بىلەن ئاۋارە بولغىنىمىز قىزىق گەپ بولدى، — دېدى جاڭفېي

—بۇمۇ ھەقىقىي دەرۋىش ئىكەن، —دەپ قويىدى لىيۇبى.

ئۇچۇيلەن شىنىيگە قايتىپ كەلدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتـكەندىن كېيىن، لىيۇبى يەنە جۇگېلياگىنى يوخلاتتۇرۇپ ئادەم ئەۋەتتى. خەۋەرچى «جۇگېلياڭ قايتىپ كەپتۇ» دەپ ئۇچۇر ئېلىپ كەلگەندىن، كېيىن، لىيۇبى ئات توقۇتقا بۇيرىدى.

—بىر سەرالىقنى ئىزدەپ، ئۆزلىگىز پىرىشىنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟—دېدى جاڭفى، —كىشى ئەۋەتىپ چاقىرتىپلا كېلەيلى.

—مىگزىنىڭ «دانىشمەننى زىيارەت قىلماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئۆز يولى بىلەن ئىش تۇتمىساڭ، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلمەن دەپ، ئىشىگىنى تاقىۋالغانىدەك بولۇسەن» دېگەن سوزىنى ئاگلىمىغانمىدىڭ؟ جۇگېلياڭ زامانىمىزنىڭ ئۇلۇق دانىشمىنى. ئۇنى چاقىرتىپ كېلىش توغرى كېلەمدۇ؟—دەپ كايىدى لىيۇبى.

لىيۇبى دەرھال ئېتىغا مىنىپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە جۇگېلياڭ ھوزۇرىغا قاراپ ماڭدى. گۇەن يۈي، جاڭفىلار مۇ ئاتلىنىپ بىللە ماڭدى.

قىش ۋاختى، ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. قارا بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. بۇلار بىر نەچچە چاقىرىم يول ژۈرگەندىن كېيىن، بىردىنلا قارلارنى ئۇچۇرۇپ، قاتتىق بۇران چىقىپ كەتتى. تاغلار خۇددى سەدەپتىن قۇرۇل-

غاندەك، دەل ـ دەرەخلەر خۇددى كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنـ
گەندەك كۆرۈنەتتى.

ــــ قاتتىق سوغۇق بولۇپ قالدى، مۇنداق سوغۇقتا
كىشىلەر ئورۇشمۇ قىلمايدۇ، شۇنداق تۇرۇغلۇق مەنىڭچە
تەگمەيدىغان ئادەمنى ئىستەپ نىمە قىلارمىز؟ شىنىپىگە
قايتىپ ئۆزىمىزنى شامالدىن دالدىغا ئالساق ياخشى بولارمىكى،
ــــ دېدى جاڭفى.

ــــ مەن جۇگېلياڭغا ئۆز ئىخلاسىمنى بىلدۈرەي دەۋاتىمەن.
سوغۇقتىن قورۇققان بولساڭلار، سىلەر قايتىۋېرىڭلار.

ــــ ئۆلۈمدىن قورقمىغان يەردە سوغۇقتىن قورقامدۇق؟
بىراق ئۆزلىرىنى بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك تارتىپ قالمىسۇن
دەيمەن.

ــــ گەپنى ئاز قىلىپ، مېڭىۋېرىڭلار.
سەراغا يېقىن بارغاندا، يول بويىدىكى قاۋاقخانىدىن غەـ
زەل ئاۋازى ئاڭلاندى. ليۇبېي ئاتنى توختىتىپ قۇلاق سالدى:

هەي ئىسسىت!... ئالالماپسەن شانۇ ـ شەۋكەت،
يىتەلمەي باھارغا، چېكىپسەن ھەسرەت.
قارا! شەرق دەرۋىشى جاڭزىياغا،
ئەگىشىپتۇ ژۇرتنى تاشلاپ، ۋىنۋاڭغا.
كۆرمىدىڭمۇ سەن جاڭزىيا تۆپەيلى،

يېقىن بىرلەشكەن سەككىز يۈز بەگلىكنى؟
كۆرمىدىڭمۇ يە سەن، ئاق بېلىقنىڭ،
بەگلەر بىلەن مۆكۈجىڭغا بارغىنىنى ①؟
مۆدىكى قانلىق جەڭلەردە دائىم،
شۆھرەت قازانغىنىن جاڭزىيانىڭ.
شۇ يەردە ئالغان شەرەپ ـ شانىنى،
بىلمىدىڭمۇ سەن، مۇشەۋۋەر نامىنى.
كۆرمىدىڭمۇيە، گاۋياڭلىق مەيخونى ②
تەرك قىلىپ تاشلاپ ئۆز كەپىسىنى،
ئىزدەپ بىرىپ ئۇ، قاڭشارلىق بەگنى ③
ماڭتاڭدا ئۇنىڭغا قول بەرگىنىنى؟
كۆرمىدىڭمۇ سەن، قايىل قىلغىنىنى
ئاقىلانە سۆزلىرىگە لىيۇباڭنى؟
چى خېنىنىڭ يەتمىش ئىككى شەھرىنى،
دانىشمەنلىك بىلەن قولغا ئالغىنىنى،
قىلدى ئۇلار بۇ كارامەت ئىشلارنى
دۇچ كەلگەچكە ئالىجاناپ خاقانلار؛

① بىر نەچچە بەگلەر كېيىن بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئاق بېلىق كېمىگە سەكرەپ چىققان ئىكەن.

② خەن زامانىسىدىكى مەشھۇر ۋائىز، مەسلىھەتچى لى يىچى.

⑧ بۇ، يەردە لىيۇباڭنى ئېيتماقچى. چۈنكى ئۇ، قاڭشارلىق ئادەم ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى نددە براسۇن دەيسىز زەڭ قويۇپ،
قەھرىمانىنى تونۇيدىغان ئوغلانلار؟!

بۇ غەزەل تۈگەگەندىن كېيىن، يەنە بىرسى جوزىنى چېكىپ تۇرۇپ، غەزەل ئېيتتى:

خاقانىمىز تىغ بىلەن ئالدى ئالەمنى،
تۆرت يۈز يىل سۈرۈپ دەۋران تىنجىتتى ئەلنى.
لېكىن خوەن ـ لىن دەۋرىدە چىقىپ بۇززۇقلار،
زۇلمەت تۇمانلىرى باستى ئالەمنى.
كۆردى ئەل غايىپتىن زاۋال يەلگىنى ـــ
قارا زىلان ۋە سېھىرلىك چايانىنى.
سەلتەنەت تەختىنى قىلىپ ۋەيرانە،
ئاپەتكە ئىتتەردى يەرۈ ـ جاھانىنى.
خائىنلار كۆتەردى زۇلۇم قامچىسىن
كۆپەيدى قاراقچىلار، قاپلىدى ھەريانىنى.
زېرىكسەك مەيخانىدا ئىچىمىز بىز مەي.
قورۇقلا چاۋاك چالىمىز ئۇرۇپ ئالقانىنى.
ئەگەر تىلىسەڭ ئۆزەڭگە ئاسايىشلىق،
ئىزدىمە ھەرگىز قورۇق ئابروينى ـ نامنى.

ئىككويلەن غەزەلنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، چاۋاك چېلىپ كۈلۈشتى.

ـــ جۇگېلياڭ مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدا بارمىكىن؟ ـــ دەپ، ليۇبى ئاتتىن چۈشۈپ، مەيخانىغا كىردى. مەيخانىدا ئىككويلەن

بىر جوزىدا بىر ـ بىرىگە مەي تۇتۇشۇپ ئولتۇراتتى. توردە ئولتۇرغان كىشىنىڭ يۈزى ئاق، ساقاللىرى ئۇزۇن ئىدى، تۆۋەندە ئولتۇرغان كىشىنىڭ قەددى ـ قامىتى غەلىتى كۆرۈنەتتى.

ليۇبى ئۇلارغا تازىم قىلدى:

—قايسىلىرى جۇگېلياڭ بولىدۇ؟

—ئۇزلىرى كىم بولىدۇ؟—دېدى ئۇزۇن ساقاللىق كىشى—جۇگېلياڭنى ئىزدەپ نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟

—مەن ليۇبى بولىمەن. ئالەمنى تىنجىتىش ۋە خەلقنى خاتىرجەم قىلىش يوللىرى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن كۆرۈشمەكچىدىم.

—جۇگېلياڭ بۇيەردە يوق. لېكىن بىز ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى. مەن بولسام يىگجۇلۇق شى گۇاڭيۇەن بولىمەن. بۇ كىشى بولسا، رۇنەنلىك مىڭ گۇڭۋي.—دېدى ئۇزۇن ساقاللىق كىشى.

—ھە، مەن سىلەرنىڭ تەئرىپىڭلارنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم، سىلەر بىلەن تەسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمغا خۇرسەنمەن. ھازىر بىزدە تەييارئات بار، ئىلتىپات قىلسىڭلا، جۇگېلياڭ ھوزۇرىغا بىللە بېرىپ، شۇ يەردە پاراڭلىشايلى.

—بىزسەرا ئادەملىرى. دۆلەتنى باشقۇرۇش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش مەسىلىلىرى توغرىسىدا مەلۇماتىمىز. مالال

بولمىسىلا، ئۇزلىرى بىرىپ كىلىشىسىلە.—دىبدى شى گۇاگيۇەن.

ليۇبى ئۇ ئىككىيلەن بىلەن خەيىرلىشىپ، ئىتىغا مىنىپ، جۇگبىلياڭ سەراسىغا قاراپ ماڭدى. جۇگبىلياڭنىڭ كەپىسى ئالدىغا كىلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ، دەرۋازىنى قاقتى ۋە ھويلىدىن چىققان بالىدىن:

—ھەزرەت بۈگۈن ئۆيدە بارمۇ؟—دەپ سورىدى.

—ھازىر ئۆيدە كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرۇدۇ.—دىدى بالا.

ليۇبى خوشال بولۇپ، بالىنىڭ كەينىدىن ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. ئوتتۇرا ئىشىككە كەلگەندە ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە مۇنداق چوڭ يىزىقنى كوردى: «تۇرمۇشتا قانائەتچانلىق يارلاق ئىرادىنىڭ ئىپادىسى، ئۆزىنى تۇتۇۋىلىش زىراق مەخسەتكە يىتىشنىڭ ئاساسى». ليۇبى بۇ يىزىقنى ئوقۇپ تۇراتتى، ئۆي ئىچىدىن شىبىر ئىيتقان ئاۋاز ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن ليۇبى ئىشىك يىنىدا تۇرۇپ قاردى. ئۆيدە بىر ياش بالا ئوچاق يىنىدا تىزىنى تۇتۇپ شىبىر ئىيتىۋاتاتتى:

ئۇچار ئىدى سۈمرۈغ ئاسمان ـ پەلەككە،<br>
قونماس ئىدى بىراق، توغراقتىن بولەككە.<br>
تۇرار ئىدى چەتتە قامەتلىك ۋىگىت،<br>
ئەگەشمەيتتى ياخشى ئەردىن بولەككە.<br>
تىنماي ئىشلەر ئىدى، ئىشىغا ئەيلەپ زوق،

کەپىدىن بولەككە ئۇنىڭ مەيلى يوق.
ئوقۇر كىتاپ، زېرىكسە سازنى چالار،
ياخشى كۈندىن بولەككە ئۇ ئەمەس ئىنتىزار.

شېئىر ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، لىۋبى ئويگە كىرىپ سالام بەردى:

—ئۇزۇندىن بۇيان جاناپلىرى بىلەن كورۇشۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇچاقىچە نەسىپ بولمىدى. شۇي يۈەنجىڭ ئوزلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بەرگەن ىدى. زىيارەتلىرى ئۇچۇن بۇندىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ھوزۇرلىرىغا كېلىپ، مۇلاقات بولالماي قايتتىم. بۇگۈن يەنە قار-بورانغا قارىماستىن كەلدىم. دىدارلىرىغا مۇشەررەپ بولغۇنۇم ئۇچۇن چەكسىز خۇرسەنمەن.

—ئوزلىرى لىۋبى ئوخشىماملا، ئاكام بىلەن كورۇشكىلى كەللىمۇ؟—دېدى ھېلىقى ژىگىت دەرھال جاۋاپ سالام بېرىپ.

—ئوزلىرى جۇگېلياڭ ئەمەس ئوخشىماملا؟ — دېدى لىۋبى ھەيران بولۇپ.

—مەن جۇگېلياڭنىڭ ئىنىسى جۇگېجۈن بولىمەن. بىز ئاكا-ئۇكا ئۇچ كىشى. چوڭ ئاكام جۇگېجىنىڭ ھازىر جياڭدۇڭدا سۇن جۇئەنىڭ يېنىدا ئىشلەيدۇ، جۇگېلياڭ بولسا

مېنىڭ ئىككىنچى ئاكام بولىدۇ.

—ئىككىنچى ئاكىلىرى ھازىر نەيدە بارمۇ؟

—ئۇ تۈنۈگۈن سۆيى جۈپىڭ بىلەن ۋەدىلىشىپ، تاماشاغا چىقىپ كەتكەن.

—قەيەرگە كەتكەندۇر؟

—قېيىققا چۈشۈپ كوللەردە ئۈزۈپ ژۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ ياكى تاغلاردا دەرۋىشلەربىلەن كۆرۈشكىلى كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ ياكى يېزىلارغا ئىلپەتلىرىنى ئىستەپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن—ياكى سازچالغىلى، شاخمەت ئوينىغىلى بىرەرغارغا كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ كەتكەن يېرى نامەلۇم.

—ئىككى قېتىم كېلىپ، دانىشمەنگە يولۇقالمىدىم. ھەقىقەتەن تەلەيسىز ئىكەنمەن!

—بىر ئاز ئولتۇرۇپ، چاي ئىچىپ كەتسىلە.

—ھەزرەت نەيدە بولمىغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتەيلى.—دېدى جاڭفېي.

—ئاتايىن كېلىپ، گەپ - سۆزسىز قايتساق بولماس—دەپ، لىيۇبېي جۇگېجۇندىن سورىدى،—ئاكىلىرىنى ھەربىي ئىشلاردا ناھايىتى مەلۇماتلىق، بۇ ساھەدىكى كىتاپلارنى كۆپ ئوقۇيدۇ دەپ ئاڭلايمەن. خەۋەرلىرى بارمۇ؟

—ياق، ماڭا نامەلۇم.



www.uyghurkitap.com

—بۇنىڭدىن سوراپ نىمە قىلاتتىڭىز؟—دېدى جاڭفى.— بوران قاتتىق چىقىۋاتىدۇ. پاتراق قايتايلى.
—بىر ئازغىنا تۇر.—دەپ لىۋبى سوزدىن توستى.
—ئاكام ئويدە يوق، ھەر قايسىلىرىنى ئۇزۇن كۇتتۇۋېلىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن، باشقا بىر كۇنى ھوزۇرلىرىغا بارارمىز.— دېدى جۇگىېجۇن.
—ئۇزلىرىنى بىسەرەمجان قىلماي. بىر نەچچە كۇندىن كېيىن يەنە كېلىمەن. قەغەز، قەلەم بېرىپ تۇرسىلا، ئىخلاسىمنى بىلدۇرۇپ، ئاكىلىرىغا بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇرسام،— دېدى لىۋبى.
—جۇگىېجۇن ئىچكىرىسىدىن قەلەم، قەغەز، سىيا ئېلىپ چىقتى. لىۋبى مۇزلاپ قالغان دۇۋەتنىڭ ئاغىزىنى ھوداپ، بېچىپ، قەغەزنى يېيىپ خەت يازدى:
«شوھرەتلىرىگە ئۇزۇن ۋاختىلاردىن بۇيان قىزىقىمەن، ھوزۇرلىرىغا ئىككى نوۋەت كېلىپ، ئۇچرۇشالماي ناھايىتى مەيۇسلەندىم!.
كېمىنىلىرى خەن پادىشاسىنىڭ ئەۋلادى؛ مەن بۇ ئابروي ۋە نامنى بىھۇدە كوتۇرۇپ ژۇرۇۋاتىمەن. ھوكۇمەتنىڭ زەيىپ-لەشكەنلىگىنى، قانۇن-ئىنتىزاملارنىڭ بۇزۇلغانلىغىنى، باسمىچىلارنىڭ ئەلنى پاراكەندە قىلىۋاتقانلىغىنى، قارانىيەتلەر-

نىڭ ياخشى كىشىلەرنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ژۇرۇ-

گۇم يىمىرىلگەندەك بولدى. پادىشالىقتا يولەك بولۇشنى ئارزۇ

قىلسامۇ، لېكىن دولەتنى ئىدارە قىلىش ساھەسىدە چارىسىز-

لىنىپ تۇرماقتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن جاناپلىرىنىڭ شەپقىتىگە

سىغىنزارمەن. جاك زىياغا ئوخشاش ئۇرۇق قابىلىيەتلىرىنى،

جاڭزىفاڭغا ئوخشاش قەھرىمانلىقلىرىنى ئالەمنىڭ بەختى

سائادىتى ئۈچۈن ئايىماسلىقلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

روزا ۋە غۇسلىدىن كېيىن يەنە ئۆزلىرى بىلەن ئۇچرۇشۇپ،

مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايمەن. خەيىر ۋە سالام».

ليۇبى خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، جۇگېجۇنگە تاپ-

شۇرۇپ بېرىپ، خەيىرلەشتى. جۇگېجۇن بولارنى ئۇزۇتۇپ

چىققاندا، ليۇبى قايتا - قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ليۇبى ئاتقا مىنىپ، يولغا چىققاي دەپ تۇراتتى، بىردىنلا

بىر كىچىك بالا قاشا سىرتىدا تۇرۇپ، قوللىرىنى ئوينۇتۇپ

ۋاقىرىدى:

— قېرى ھەزرىتىم كەلدى!

ليۇبى كىچىك كوۋرۇكنىڭ غەربىدە بىر كىشىنى كوردى.

ئۇ كىشى قۇلاقچىسىنى چوكۇرۇپ كېيگەن، تۇلكە جۇۋىغا ئو-

رانغان ھالدا ئېشەككە مىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا

قارا چاپان كېيگەن بىر كىچىك بالا مەي ئېلىنغان بىر قاپاق-

نى كوتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇكىشى ئىشەك بىلەن قارنى كېـ
چىپ، كوۋرۇكنى ئايلىنىپ ماڭدى ۋە شېئىر بېيتتى:

تۇن بويى ھۇۋلاپ چىقتى بوران،
بۇلۇت بىلەن قاپلاندى جاھان.
ئۇچقۇنداپ قارباستى يەرۇ - زېمىننى،
بۇ ژۇرتقا كېيگۈزۈپ يېڭى كىيىمنى.
سۇرددۇممەن شۇندا ساماۋى خىيال،
«كوكتە بېلىقلار جېڭدە ئېھتىمال...»
توزاڭدەك باسقان كوكنىڭ يۈزىنى،
ئەسلىتەر ئىلدى - قار بېلىق پوستىنى.
ئىشەكنى مىنىپ كېتىپ بارىمەن،
ئەتراپىقا غەمكىن نەزەر سالىمەن.
سولغان بىر ئاموت تۇرار شۇمشۇيۇپ،
سېرىلدى ئىچىم بۇ ھالنى كورۇپ.

ليۇبى بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ: «مانا ئەمدى جۇگېلياڭنى تاپـ
تىم!» دەپ ئويلاپ، دەرھال ئاتتىن چۇشۇپ، ئالدىغا بېرىپ
سالام بەردى:

—ھەزرەتلىرى سوغۇقتا خېلى قىينالغانلا. كېمىنىلىرى
ئۇزلىرىنى كۇتۇپ تۇرغان ىدىم.

ھېلىقى كىشى دەرھال ئىشەكتىن چۇشۇپ سالام قايتۇردى.

—بۇ جۇگېلياڭ ئەمەس.—دېدى ئارقىدا تۇرغان جۇگېـ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

جۇن. — ئاكامنىڭ قىيناتىسى خۇاڭچىڭيەن.

— باياتىن ئېيتقان شېئىرلىرى تاھايىتى ياخشى ئىكەن، — دەپ تەئرىپلىدى ليۇبى.

— پىقىر كۇيۇغلۇمنىڭ ئۆيىدە «لياڭفۇ شېئىرلىرى»نى ئېيتقان ۋاختىمدا، ئاشۇ مىسرالىرى بېشىمدە قالغان ئىكەن. ھازىر كوۋرۇكتىن ئۆتۈپ كېلىۋېتىپ، قاشايىمدا بىر توپ ئامۇتنى كورۇپ، ئىلھامىم كېلىپ ئوقۇپ قويدۇم. بۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاڭلىنىشىنى ئويلىمىغان ئىدىم.

— كۇيۇغۇللىرىنى كۆردىلىمۇ؟

— مەنمۇ ئۇنى يوقلاپ كەلدىم.

ليۇبى بۇ سوزنى ئاڭلاپ، خۇاڭچىڭيەن بىلەن خەيرلىشىپ، ئېتىغا مىنىپ، ئوز يولىغا قايتتى. قار ئارىلاش بوران چىقماقتا ئىدى. ليۇبى ئارقىسىغا بېقىپ، بۇ سەراغا كوز سېلىپ مەيۇسلەندى..

ليۇبى شىنيېگە قايتىپ كەلدى. ۋاخت ئاستىلاپ ئوتۇۋېرىپ، يەنە باھار كېلىپ قالدى. ليۇبى قۇرئاندازلارغا قۇرسالدۇرۇپ، ياخشى كۇنلەرنى تاللاپ، ئۇچ كۇن روزا تۇتتى، غۇسلى قىلدى ۋە كىيىملىرىنى ئەگگۇشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە جوگېلياڭنى زىيارەت قىلىش ئۇچۇن يولغا تەييارلاندى. گوەنيۈي، جاڭفېلار بۇنىڭغا نارازى بولۇپ، ليۇبىنى يولدىن

قايتىشقا ئۇندىدى.

— ئۆزلىرى زىيارەت ئۈچۈن ئىككى قېتىم باردىلا. بۇ ئىلتىپات يېتىپ ئاشىدۇ. مېنىڭچە، جۇگېلياگىنىڭ قۇرۇق نامى بار، قوسۇغىدا گېلىپىنىڭ سۇنغى يوق بىر ئادەم ئوخشايدۇ؛ شۇڭا كورۇشۇشتىن قاچىسا كېرەك. بۇ ئادەمگە شۇنچە ئېتىمات قىلىلا؟ — دېدى گۇەن يۈي.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئىلگىرى ۋاختىتا چى بەگلىكنىڭ بېگى خۇەن گۇڭ دەرۋىش دۇڭگونى بەش قېتىم زىيارەت قىلىپ بېرىپ، ئاران بىر نوۋەت كورۇشەلىگەن ئىكەن. مەن بولسام، دانىشمەن بىلەن كورۇشمەن دەۋاتىمەن.

— ئويلاپ كورسىلە، — دېدى جاڭفى، — بۇ سەرالىق قاندىغىسىگە دانىشمەن بولسۇن؟ ئەمدى سىلى بارمىسىلا. ئەگەر بوزى كەلمىسە، بىر تال ئاغامچا بىلەن باغلاپلا ئېلىپ كېلىمەن!

— جۇسولالىسىنىڭ پادىشاسى ۋىن ۋاڭنىڭ جياڭ زىيانى قانداق زىيارەت قىلغانلىغىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دېدى ليۇبېي كايىپ، — ۋىن ۋاڭ دانىشمەنلەرنى شۇنداق ھۆرمەتلىگەن. سەن ئۇنداق يولسىزلىق قىلما! سەن بويدە قال. ئوزەم گۇەن يۈي بىلەن بارىمەن.

— ئىككىڭلا بارىمەن دېسەڭلا، مەن ئويدە قالمايمەن. مەنمۇ بارىمەن.

—بىللە بارىدىغان بولساڭ، ئەدەپسىزلىك قىلما.

جاڭفى بۇ سوزنى قوبۇل قىلدى.

ئۇچۇيلەن ئاتلىنىپ، خىزمەتكارلارنى ئەگەشتۇرۇپ، لوڭ جۇڭغا قاراپ يول ئالدى. جۇڭبىلياڭنىڭ كەپسىگە يېرىم يول قالغاندا، ليۇبى ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى ۋە بىر ئاز ژۇرگەندىن كېيىن، جۇگبجۇننى ئۇچراتتى.

—ئاكىلىرى ئويدە بارمۇ؟—دەپ سورىدى ليۇبى دەر-هال سالام بېرىپ.

—تونوگۇن كەچ قايتىپ كەلدى. بۇگۇن كورۇشەلەيلا.—دەپ جۇگبجۇن ئوز يولىغا كەتتى.

—بۇگۇن بەختىمىز ئوڭ كەپتۇ، ھەزرەت بىلەن كورۇشەلىدىغان بولدۇق!—دەپ، ليۇبى خوشال بولدى.

—ئاۋۇ كىشى تازىمۇ ئەدەپسىز ئىكەن!—دېدى جاڭفى—بىزنى كەپىگە باشلاپ بارماي كېتىپ قالدى!

—ھەر كىشىنىڭ بىر مەشغۇلىيىتى بولىدۇ. باشقا ئىشقا زور قىلغىلى بولمايدۇ.—دېدى ليۇبى.

ئۇچۇيلەن كەپە ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىنى قاقتى. بىر خىزمەتكار بالا ژۇگورۇپ چىقىپ، كىم سىزلەر، دەپ سورىدى.

—ھەزرىتىمگە ليۇبى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ دەپ خەۋەر قىلىڭ.—دېدى ليۇبى.

www.uyghurkitap.com

— ھەزرىتىم ئۆيدە بولسمۇ، لېكىن ئۇخلاۋاتىدۇ، تېخى ئويغانمىدى.

— ئۇنداق بولسا، ھازىرچە خەۋەر قىلماي تۇرۇڭ.

لىيۇبى گۇەنيۈي بىلەن جاڭفىنى ئىشىكتە كۈتۈپ تۇرۇشقا تاپىلاپ، ئۆزى يۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىچكىرى كىردى. جۇگېلياڭ دەلىزدىكى بويرا سېلىنغان ئورۇندا ئۇخلىغىنىچە ياتاتتى. بۇنى كورگەن لىيۇبى پەگادا قول باغلاپ تۇردى.

جۇگېلياڭ خېلى ۋاختقىچە ئويغانمىدى. گۇەنيۈي بىلەن جاڭفى تاشقىرىدا تولا كۈتۈپ تاقەت قىلالماي، ئىچكىرى كىرىپ، لىيۇبىنىڭ قول باغلاپ قىمىرلىماي تۇرغانلىقىنى كوردى. جاڭفى بۇ ھالغا غەزەپلەندى:

— بۇ كىشى نېمە دېگەن تەكەببۇر! ئاكامنىڭ پەگادا قول باغلاپ تۇرغىنىنى كورۇپ تۇرۇپمۇ، ئۇيقۇنى باھانە قىلىپ يېتىپتۇ! ئارقىغا چىقىپ ئويىگە ئوت قويىۋەن، قېنى قوپامدۇ — قوپمامدۇ!

لېكىن گۇەنيۈي ئۇنى توسۇۋالدى. لىيۇبى ئۇ ئىككىيلەننى تاشقىرىدا كۈتۈپ تۇرۇشقا چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، جۇگېلياڭ ئورنىدىن قوزغۇلۇپ، يەنە تام تەرەپكە ئورۇلۇپ ئۇخلاۋەدى. شۇ چاغدا خىزمەتكار بالا ئۇنىڭغا لىيۇبىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلماقچى بولدى.

— ئويغاتماڭ. — دېدى ليۇبى.

جۇگېلياڭ يەنە بىرەر سائەت ۋاختتىن كېيىن ئويغاندى ۋە مۇنداق بىر بېيىت ئېيتتى:

ھەممىدىن ئاۋال ئۇيقۇدىن كىممۇ ئويغۇنار؟
ئومۇرلۇك ئىرادەم ئۇزەمگىلا يار.
باھار ئۇيقىسى قوينىغا پېتىپ،
لەززەت سۇرەتتىم دەلىزدە يېتىپ؛
بىراق يوشۇرۇنۇپ ئاللىقاچان تۇن،
ئەتراپنى سۇتتەك يورۇتۇپتۇ كۇن.

جۇگېلياڭ بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئورۇلۇپلا خىزمەتكار بالىدىن سورىدى:

— مېھمان - پىمان كەلدىمۇ؟

— ليۇبى جاناپلىرى كۇتۇپ تۇرغىلى ئۇزۇن بولدى.

— نىمىشكە بالدۇرراق مەلۇم قىلمىدىڭ؟ — دېدى جۇگېلياڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن ئۇستى - بېشىمنى يوتكەپ ئالاي.

جۇگېلياڭ دەرھال ئىچكىرى ئويگە كىرىپ كېتىپ، بىر ئازدىن كېيىن، كېيىنىپ بولۇپ، مېھماننىڭ ئالدىغا چىقتى. جۇگېلياڭ ليۇبىنىڭ كوزىگە بويلۇق، يۇزى ئاق، بېشىغا ژىپەك رۇمال ئورىغان، ئۇستىگە ئۇقا تىۋىتلىرىدىن توقۇلغان ئاپپاق لىباس كىيگەن، خۇددى پېرىشتىلەردەك كورۇندى. ليۇبى ئۇنىڭغا تازىم قىلدى:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— مەن خەن پادىشاسىنىڭ ئەرزىمەس ئەۋلادى، زۇجۇنـ
لىنىڭ لىۋبى بولۇمەن. ئۇلۇق ئىسىملىرىنى خىلى ۋاختىلاردىن
بۇيان ئاڭلاپ، زىيارەتلىرىڭگە كېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇندىن
ئىلگىرى ئىككى قېتىم كېلىپ، دىدارلىرىڭغا سازاۋەر بولالمىـ
دىم. شۇڭا ئۆز نامىمدىن بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇرغان
ئىدىم، كوزلىرىڭگە چېلىققانمىكى؟

— بوزەم ھورۇنلۇق بىلەن ئادەتلىنىپ قالغان. جاناپلىرى
بىر نەچچە قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلىپىلا. بۇنىڭغا ناھايىتى
خىجىلمەن.

ئىككىيلەن تەكەللۇپنى بىجا كەلتۇرگەندىن كېيىن، ئورۇنغا
ئولتۇردى. خىزمەتكار بالاچاي تەييارلىدى.

— تۇنۇگۇن خەتلىرىنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن جاناپلىرىنىڭ
ئەل ئۇستىدىن قايغۇرغانلىقلىرى تولۇق مەلۇم بولۇپ تۇرۇدۇ.
لېكىن كېمىنىلىرى گودەك، قابىلىيىتىم ئاجىز. ئوزلىرىڭگە مەسـ
لىھەت بېرەلمەسمەنمىكى. — دېدى جوگېلياڭ چايدىن كېيىن.

— سىماخۇي، شۇيىۋەنجىڭلەرنىڭ سوزى يالغانمىدۇ؟
كېمىنىلىرىنىڭ ئۈمىدى يەردە قالمىسۇن، ئاقىلانە مەسلىھەتـ
لىرىنى بەرسىلە.

— سىماخۇي، شۇيىۋەنجىڭلەر بولسا مەشھۇر ئالىملار. مەن
بولسام بىر ئاددىي دىخان. ئالەمدىكى زور ئىشلار توغرىسىدا

مەسلىھەت بىرىشكە مەندە قانداق جۈرئەت بولسۇن؟ ئۇ ئىك-كۈيلەن سەھۋەن تونۇشتۇرۇپتۇ. جاناپلىرى كەۋھەرنى تاشلاپ، كارغا يارىماس تاشقا بىرىلمىسىلە.

—جاناپلىرى تەگىدىشى يوق تالانت ئىگىسى.— دېدى ليۇبى.— كەپىدە بېتىپ ئومۇرلىرىنى بىكار ئۆتكەزگەنلىرى قانداق؟ خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، مېنىڭ ئاجىزلىغىمغا يولەك بولۇپ، يول كورسۇتۇشلىرىنى تىلەيمەن.

—ئوزلىرىنىڭ نىيەتلىرىنى ئاڭلاي.— دېدى جۇگېلياڭ كۇلۇپ.

ليۇبى خىزمەتكارلارنى چىقىرىۋېتىپ، جۇگېلياڭغا يېقىن ئولتۇرۇپ، سوزىنى باشلىدى:

—ئوزلىرىگە مەلۇم، خەن سۇلالىسى خاراپ بولدى، خائىن ۋەزىر ھاكىمىيەتنى ئوز قولىغا ئېلىۋالدى. كېمىنىلىرى بوز كۈچۈمگە باقماي، ئادالەت يولىدا كوتۇرۇلۇش قىلغۇم بار. لېكىن بىلىمدە ئاجىز بولغاشقا بۇ چاققىچە ھېچبىر ئىش قىلالمىدىم. جاناپلىرى ئېقىل كورسۇتۇپ، ئاجىزلىقلىرىمغا ياردەم قىلسىلا، مەن ئۇچۇن زور سائادەتلىك ئىش بولاتتى.

—دۇڭجۇ ئىسيان قىلغاندىن بۇيان، پۇتۇن ئالەمدىكى شۇجائەتلىك كىشىلەر قوزغالدى. ساۋساۋنىڭ كۈچى يۈەنشاۋغا بەتمەيدۇ. لېكىن شۇنداق تۇرۇپ، ئۇنىڭ، يۈەن شاۋدىن

غالىپ كېلەلىشكە بەختى ـ تەلىيى ئەمەس ، پەھىم ـ پاراسىتى سەۋەپچى بولدى. ھازىر ساۋساۋنىڭ قولىدا سان ـ سىناقسىز ئەسكەر بار، ئۇ شاھزادىنى ئوز قولىغا ئېلىپ، شۇنىڭ بىلەن بارلىق بەگلەرنىمۇ ئىدارە قىلماقتا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىش مۇمكىن ئەمەس. سۈنچۈەن ئەۋلادى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان جياڭدۇڭنى ئىگەللەپ تۇرماقتا؛ ئۇنىڭ تەۋەسىگە تېگىش قىيىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە خەلق ئۇ يەردە ئوز بەگلىرىگە بېرىلىپ كەتكەن؛ ئۇنىڭدىن ياردەم ئېلىش مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىش مۇمكىن ئەمەس. جىڭجۇنى قولغا ئېلىش كېرەك. ئۇ يەرنىڭ شىمال تەرىپى خەن ۋە ميەن دەرياسىغا، شەرق تەرىپى ئۇكۇەيگە، غەرپ تەرىپى باشۇغا تۇتۇشۇدۇ، ئۇ يەرنى قولغا ئالغاندا نەنخەينىڭ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولۇدۇ. بۇ ھەربىي جەھەتتىن ناھايىتى مۇھىم جاي، بۇ يەرنى پەقەت شۇنىڭغا مۇناسىپ كىشىلا ساقلىيالايدۇ. بۇ يەرگە تەگرى پەقەت سىلىنىلا مۇناسىپ كورۇدۇ. ئوزلىرى بۇ يەرنى قولغا ئېلىشنى نىيەت قىلىدىلامۇ؟ يىجۇ ــ مۇستەھكەم قەلئە، پايانسىز مول ھوسۇللۇق جاي، ئۇ يەر بىر جەننەتى ماكان. پادىشا گاۋزۇخانلىغىنىڭ ئۇلىنى ئەنە شۇ يەردە قۇرغان. ھازىرقى يىچۇبېگى ليۇجاڭ غەيرەتسىز، ئېقىلسىز بىر ئادەم؛ زۇرت ۋە ئەل پاراۋان، لېكىن ئۇ بۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىملىك، ئىختىدارلىق كىشىلەر سالاھىيەت-لىك بەگكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرماقتا. جاناپلىرى پادىشاھ ئەۋلادى، جاناپلىرى ئادالەتپەرۋەرلىك بىلەن شۆھرەت قازانغان بارلىق باتۇر ۋە دانىشمەنلەرنى ئۆز يانلىرىغا تارتىپ، شۇ يول بىلەن جىڭجۇ ۋە يىجۇ ۋىلايىتىنى قولغا چۈشۈرسىلە. ئۇ يەرلەرنى قولدا مۇستەھكەم تۇتۇپ، ئاندىن كېيىن غەرپ تەرەپتىكى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن سۈلھىلىشىپ، جەنۇپ تەرەپتىكى ۋەيۋە رايونلىرىنى تىنچلاندۇرۇپ، سۈنچۈەن بىلەن ئىتتىپاق تۈزسىلە. ئۆز تەۋەلىرىدە ياخشى ھاكىمىيەت يۈرۈتۈپ، ئاندىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتسىلە. ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش باشلانغاندا ئوبدان قوماندانلىرىدىن بىرىنى جىڭجۇ قوشۇنى بىلەن ۋەنلوغا ئېۋەتسىلە. ئۆزلىرى يىجۇ قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، چىنچۈەنگە بارسىلا. ئۇ چاغدا خەلق جەزمەن ئوزۇق-تۈلۈك ۋە مەي ئېلىپ ئالدىلىرىغا قارشى ئېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، شۇ يول بىلەن ئۇلۇق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش، خەن خاندانلىقىنى تىكلەش مۇمكىن. كېمىنىلىرىنىڭ بىرىدىغان مەسلىھەتى ئەنە شۇ. بۇنى ئۆزلىرى ئويلاپ كورسىلە. جۇگېلياڭ سوزلەپ بولۇپ، خىزمەتكار بالىغا بىر تورۇم خېرىتىنى ئەپچىقتۇرۇپ، تامغا ئاستى:

— مانا بۇ شىچۈەندىكى 54 ۋىلايەتنىڭ خېرىتىسى. ئۇلۇق

ئشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىمەن دېسلە، شىمال تەرەپتىكى ساۋساۋ ئامەت كورۇۋپ تۇرۇۋەسۇن؛ جەنۇپ تەرەپتىكى سۇن چۇەن يەردىن بەھرىلىنىۋەسۇن؛ ئۆزلىرى خەلق بىلەن بولغان مۇنا- سىۋەتنى ياخشىلاپ خەلقنى قولغا كەلتۇرسىلە. ئاۋال جىڭ- جۇنى تايانچ قىلىپ ئېلىپ، ئاندىن كېيىن شىچۇەننى قولغا ئېلىپ، شۇ يەردە ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلىنى قۇرۇۋپ، شۇندىن كېيىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنى قولغا چۇشۇرۇشنىڭ يولىنى ئىز- دىسىلە.

ليۇبى بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇۋپ، تازىم بىلەن تەشەككۇر ئېيتتى:

—جاناپلىرىنىڭ سوزلىرى ماڭا ئېقىل بەردى. قارا بۇلۇت- لارنى ھايدىۋېتىپ، كوك ئاسماننى كورگەندەك بولدۇم. لېكىن جىڭجۇنىڭ بېگى ليۇبياۋ، يىجۇنىڭ بېگى ليۇجاڭلار مۇ خەن خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادى. ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىپ ئېلىش- تىن خىجىل بولماقتىمەن.

—كېچە ئاسمان ھادىسىلىرىگە نەزەر سالدىم. ليۇبياۋنىڭ ئۇمرى ئۇزۇن بولمايدىغانلىقى مەلۇم. ليۇجاڭ بولسا ھاكىمىيەت ئىگىسىگە خاس كىشى ئەمەس، ئۇ ئاخىرى جاناپلىرىغا مايىل بولۇدۇ.

ليۇبى بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ، مىننەت-

دارلق بلدۇردى. بۇ سوزلەردن جۇگېلياگنىڭ كەيىندن چقماي تۇرۇپمۇ پۇتۇن ئالەمدىكى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىپ تۇرغانلىغى، ئۇنىڭ ئالامدە ھەقىقەتەن تەڭدشى يوق كىشى ئىكەنلىگى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

لىۇبى ئورنىدن تۇرۇپ، تازىم بىلەن ئوتۇندى؛

— كېيىنلىرى ئورنۇم تووەن، ئىختىدارسز بىر ئادەم بولسامۇ جاناپلرىنىڭ دانالارچە تەلىملىرىدىن چقمايمەن. كېيىنلىرنى مەنزۇر تۇتۇپ، كەيىندىن چقىپ، ياردەمدە بولۇشلرىنى ئۇمىت قىلىمەن.

— ئۇمىتلىرىنى بىجا كەلتۇرەلمەيمەن. مەن دىخانچىلىق بىلەن ئادەتلىنىپ قالغان؛ دۇنيا ئىشلىرىغا ئارىلشىشتىن ئاجىزلىق قىلىمەن.

— جاناپلىرى ماڭا ياردەم بەرمىسىلە، خەلقىنىڭ ھالى نىمە بولار؟ — لىۇبى كوزىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ كوزىدىن چىققان ياش ياقىلىرىغىچە ئاقتى.

— خوپ. — دېدى جۇگېلياڭ لىۇبىنىڭ ئىرادىسىنىڭ سەممىيلىگىنى كورۇپ. — ئەگەر سىلى مېنى مەنزۇر تۇتقان بولسىلا، بار كۇچۇم بىلەن قۇللۇق قىلىمەن.

لىۇبى خوشال بولۇپ، دەرھال گۇەنيۇي بىلەن جاڭفېنى سالامغا قىچقىرتتى ۋە جۇگېلياڭغا قىممەتباھا سوغىلارنى

www.uyghurkitap.com

تەقدىم قىلدى. جۇگبېلياك ئۇنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى.

—بۇ، ئوزلىرىنى تەكلىپ قىلىش يۈزىسىدىن سۇنۇلغان نەرسە ئەمەس. پەقەت مېنىڭ ئوزلىرىگە بولغان ئىپقىدەمنىڭ بەلگىسى.— دېدى.

جۇگبېلياك شۇ سوز بىلەن نائىلاج بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى. لىيۇبىلەر شۇ كۈنى جۇگبېلياك كەپىسىدە بىللە قوندى.

ئەتىسى، جۇگبېجۇن قايتىپ كەلدى. جۇگبېلياك ئۇنىڭغا:

—لىيۇبى جاناپلىرىنىڭ ئۈچ قېتىم ئىزدەپ كەلگەن ئىلتىپاتىغا جاۋابەن ئەمدى مەن خىزمەتكە چىقماي ئىلاجىم يوق. بۇ يەردىكى دىخانچىلىق ئىشلىرىنى سىز ئىشلەپ تۇرۇڭ، يەرلەر ئاق قالمىسۇن. خىزمەتنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ قايتىپ كېلىمەن.— دېدى.

لىيۇبىلەر جۇگبېجۇن بىلەن خەيرلىشىپ، شىنيېگە جۇگبېلياك بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى. لىيۇبى جۇگبېلياكقا ئوز ئۇستازى ئورنىدا مۇئامىلە قىلدى، غىزادا، ژۈرۈش-تۇرۇشتا بىللە بولۇپ، ئەتىدىن-كەچكىچە ئالەمدىكى چوڭ ئىشلار ئۈستىدە ھەمسوھبەت بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئى ئادرېسى

بۇ كتاپ خەلق ئەدبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن
1955– ژىلى مارتتا نەشر قلنغان برنچى نەشرى
برنچى باسمسدن تەرجىمە قلندى
本書根据人民文学出版社1955年3月第1版第1次印刷本譯出

كىتاپ نومىرى 339 (4) 1511

# كەپپىگە ئۈچ قېتىم زىيارەت

## ئاۋتورى: لوگۇەنجۇڭ.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
ئادرىس: بېيجىن گوزىجەن 54 – قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
رۇخسەت قەغەزى نومىرى: «ن — 047».
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1958 – ژىلى ئىيۇندا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1958 – ژىلى ئىيۇندا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
فورمات: 1092×787 1/36 م·م: ھەجمى: 1 باسما تاۋاق.
تىرازى: 1–3،600. باھاسى: 6 پۇڭ.
بىرلەشمە نومىرى: M 10 049. ئۇيغۇرچە 58.

## قىسقىچە ئىزاھات

بۇ — ئاتاغلىق تارىخىي ھېكايە بولۇپ، «3 خانلىق قىسسىسى»نىڭ 37 نچى ۋە 38 نچى بابلىرىدىن ئېلىنغان. بۇنىڭدا لىيۇبېنىڭ لۇڭجۇڭغا 3 قېتىم بېرىپ، جۇگېلياڭنى سەممىيەت بىلەن تەكلىپ قىلغانلىغى بايان قىلىنىدۇ؛ شۇنىڭدەك لىيۇبېي، جاڭ فېلەرنىڭ خاراكتېرى، جۇگېلياڭ ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ «3 خانلىق قىسسىسى» ئىچىدە ئەڭ ياخشى سانالغان ئەدەبىي پارچىدۇر.

書號:1511(4)339
三顧茅芦
(維吾尔文)
罗貫中著
民族出版社翻譯出版
地址:北京國子監特54號
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷厂印刷
新华書店发行

1958年6月北京第一版
1958年6月北京第一次印刷
787粍×1092粍1/36 印張1
印數:1—3.600 定價:六分
統一書号: M10049·維58